# قۇربانلىقنىڭ ھەممىسىنى يېيىش ياكى سەدىقە قىلىۋېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

حكم أكل جميع الأضحية أو التصدق بجميعها

< ئۇيغۇرچە >

## پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# قۇربانلىقنىڭ ھەممىسىنى يېيىش ياكى سەدىقە قىلىۋېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

149415- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بىر كىشى ئەقىقە ياكى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىككى قوي بوغۇزلىغان بولسا، ئۇ ئىككى قوينىڭ بىرىنى تولۇق يىسە يەنە بىرىنى تولۇق سەدىقە قىلىۋەتسە توغرا بولامدۇ؟ (يەنى بىر قويدىن ھېچ نەرسىنى سەدىقى قىلماستىن يىدى، يەنە بىرىدىن ھېچ نەرسىنى يېمەستىن سەدىقە قىلىۋەتتى) ھەر ئىككى قوينىڭ گۆشىدىن ئازراقتىن سەدىقە قىلىش كېرەكمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربانلىق قىلغان ۋە ھەدىيە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن ئۆلاغنىڭ گۆشىدىن ئازراق بولسىمۇ سەدىقە قىلىۋېتىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْقَانِعَ وَالْمُعْتَرَّ ۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرْنَاهَا لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ تەرجىمىسى«ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.» [سۈرە ھەج 36-ئايەت].

"بىر نەرسە سورىغان ۋە سورىمىغان كەمبەغەللەرنىڭ ھەدىيە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلاغنىڭ گۆشلىرىدە ھەققى بار بولۇپ، گەرچە يۇقىرىقى ئايەتتە ھەدىيە توغرىسىدا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەدىيە بىلەن قۇربانلىق بىر باپتىن ھېسابلىنىدۇ". ["پىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى" ناملىق ئەسەر 6-توم 115-بەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قۇربانلىق توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، ساقلاپ قويۇڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار.» [مۇسلىم رىۋايىتى 1971-ھەدىس].

ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ زاھىرى مەناسىغا قارىغاندا شاپىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە قۇربانلىق قىلىنغان ياكى ھەدىيە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلاغنىڭ گۆشىدىن بىر نەرسىنى سەدىقە قىلىش ۋاجىب دەپ قارىلىدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " گۆشتىن سەدىقە دېگەن ئىسىمغە لايىق كېلىدىغان مىقداردا كەمبەغەللەرگە بېرىش ۋاجىب بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت كەمبەغەللەرگە كۆيۈنۈشتىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن قۇربانلىق قىلغان قوينىڭ گۆشىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن سەدىقە قىلدى دېگەن سۆزگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىر نەرسىنى كەمبەغەلگە بېرىش كېرەك بولىدۇ". ["رەۋزەتۇت تالىبىين ۋە ئۇمدەتۇل مۇپتىيىن" ناملىق ئەسەرنىڭ 3-تومى 223- بېتىدىن ئېلىندى].

مەرداۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "گۆشنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتكەن بولسا، گۆشتىن سەدىقە قىلىشى بۇيرۇلغان مىقداردىكى بىر نەرسىنى كەمبەغەلگە بەرسە دۇرۇس بولىدۇ." ["ئەلئىنساپ" ناملىق ئەسەر 6-توم 491-بەت].

بەھۇتىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىر قويدىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى سەدىقە قىلمىغان بولسا سەدىقە قىلدى دېگەن ئىسىمغە مۇناسىپ كېلىدىغان بىر نەرسىنى كەمبەغەلگە بېرىشى كېرەك". تۈگىدى. "كەششاپۇل قەنناﺋ" ناملىق ئەسەر 7-توم 444-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھدىن: "قۇربانلىقتىن ھېچنەرسە سەدىقە قىلماستىن ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بىلەن پىشۇرۇپ يېسە توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿لِّيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّـهِ فِي أَيَّامٍ مَّعْلُومَاتٍ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ ۖ فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْبَائِسَ الْفَقِيرَ﴾ تەرجىمىسى: «كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنى ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن.» سىلەر قۇربانلىقلارنى گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار.» [سۈرە ھەج 28-ئايەت].

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن، ئۇلار قۇربانلىق قوينىڭ گوشىدىن سەدىقە قىلماستىن پۈتۈن يىگەن بولسا، ھەر بىر قوي ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا گۆش سېتىۋېلىپ ئۇنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىدۇ". تۈگىدى. ["ئىبنى ئۇسەيمىين پەتىۋالار توپلىمى" ناملىق ئەسەر 25-توم 132-بەت].

ئىككىنچى: قۇربانلىق قىلغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا

قۇربانلىق قىلغان قوينىڭ گۆشىنى يېيىش پەرز ئەمەس بەلكى مۇستەھەبدۇر. بۇ تۆت مەزھەب ئىماملىرىنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "قۇربانلىق قىلغان قوينىڭ گۆشىدىن يېيىش پەرز ئەمەس بەلكى مۇستەھەبدۇر (ياخشىدۇر). بۇ بىزنىڭ ۋە باشقا بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر، لېكىن بەزى سەلەپ ئالىملىرى بۇ گۆشتىن يېيىشنى پەرز دەپ قارايدۇ، چۈنكى بۇ توغرىدىكى ھەدىسنىڭ زاھىرى مەناسىدىن يېيىش دېگەن سۆز بۇيرۇق شەكلىدە ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا قۇرئان كەرىمدىمۇ: ﴿فَكُلُوا مِنْهَا﴾ تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ گۆشىدىن يەڭلەر» دەپ بۇيرۇق شەكلىدە بايان قىلىنغان. كۆپچىلىك ئالىملار ئايەت- ھەدىستە بايان قىلىنغان بۇيرۇق شەكلىنى ۋاجىپ ئەمەس بەلكى مۇستەھەب دەپ قارىغان. بولۇپمۇ بۇ بۇيرۇق شەكلى ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇستەھەب ياكى ياخشى دېگەن مانانى ئىپادىلەيدۇ." تۈگىدى. [سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى13-توم 131-بەت].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "قۇربانلىق قىلغان قوينىڭ گۆشىنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى سەدىقە قىلغان دۇرۇس بولىدۇ." تۈگىدى. ["ئەلمۇغنىي" 13-توم 380-بەت]. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 146159- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن .

ئۈچىنچى: ئەقىقە مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەقىقە قىلىنغان قوينىڭ گۆشىنى قانداق تەقسىم قىلىش توغرىسىدا ئوچۇق دەلىل بايان قىلىنمىغان، شۇنداقلا ئۇ گۆشنى يېيىش ياكى سەدىقە قىلىش توغرىسىدىمۇ ھۆكۈم بايان قىلىنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىقە ئىشىدا، قايسىسىنى ياخشى دەپ قارىسا شۇنداق قىلسا بولىدۇ، گۆشىنىڭ ھەممىنى سەدىقە قىلىۋەتسىمۇ مەيلى ياكى ھەممىنى يەۋەتسىمۇ مەيلى. ئەمما ئەڭ ئەۋزىلى قۇربانلىق قوينىڭ گۆشىنى قانداق قىلغان بولسا ئەقىقىنىمۇ شۇنداق قىلسا ياخشى بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھدىن: ئەقىقىنىڭ گۆشىنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا سورالغاندا، ئىمام ئەھمەد جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "قانداق قىلسىڭىز بولاۋېرىدۇ، ئىبنى سىيرىن رەھىمەھۇللاھمۇ ئەقىقە توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە قانداق قىلسىڭىز بولاۋېرىدۇ دەپ جاۋاپ بېرەتتى". تۈگىدى. [تۆھپەتۇل مەۋدۇد بىئەھكامىل مەۋلۇد" ناملىق ئەسەر 55-بەت].

تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 8423- ۋە 90029-نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

تۆتىنچى: يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، قۇربانلىقتىن مەلۇم مىقداردا سەدىقە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئۇ گۆشتىن يېيىشنىڭ ۋاجىپ ياكى مۇستەھەبلىكى

توغرىسىدىكى ھۆكۈملەر ئەقىقە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ھەر بىر قويغا تەتبىقلىنىدۇ. ئەگەر ئۇن قوي ئۆلتۈرگەن بولسا، ھەر بىر قويدىن مەلۇم مىقداردا سەدىقە قىلىش كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر بىر قوينىڭ گۆشىدىن مەلۇم مىقداردا يېيىش ياخشى دەپ قارىلىدۇ. قويلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىر قوينىلا سەدىقە قىلىۋېتىش توغرا بولمايدۇ، بەلكى ھەر بىر قويدىن مەلۇم مىقداردا سەدىقە قىلىدۇ. چۈنكى ھەر بىر قوي مۇستەقىل بىر قۇربانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنى ئۆلتۈرگەندە قازانغا ھەر بىر تۆگىدىن مەلۇم مىقداردىن گۆش سېلىشقا بۇيرىغان.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنادا مال بوغۇزلايدىغان جايغا بېرىپ 63 تۆگىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىدى، قالغان تۆگىلەرنى بوغۇزلاشنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇردى، ئاندىن ھەر بىر تۆگىنىڭ گۆشىدىن ئازراقتىن ئەكەلدۇرۇپ قازانغا سالدى، گۆش پىشقاندىن كېيىن گۆشتىن يېدى ۋە شورپىسىدىن ئىچتى....» [مۇسلىم رىۋايىتى1218-ھەدىس].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر تۆگىنىڭ گۆشىدىن بىر پارچىدىن كېسىپ ئەكىلىشكە بۇيرىغانلىقى، قۇربانلىق قىلىنغان ھەر بىر مال ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ھۆكۈم بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ قىلغان قۇربانلىقى ۋە ھەدىيىسىنىڭ گۆشىدىن يېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ".

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: "قۇربانلىق قىلىنغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنىڭ ھەر بىرىدىن مەلۇم مىقداردا يېيىش سۈننەت بولغاندا، يۈز تۆگىنىڭ گۆشىدىن ئايرىم-ئايرىم بىر پارچىدىن يېيىش قىيىن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ گۆشلەر بىر قازاندا قىلىندى، پىشقاندا ئۇنىڭ شورپىسىدىن ئىچكەن ۋاقتىدا ھەر بىرىدىن ئايرىم-ئايرىم يېگەنگە ئوخشاش بولىدۇ". تۈگىدى. "سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى"ناملىق ئەسەر 8-توم 192-بەت].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ھەر بىر تۆگىنىڭ گۆشىدىن بىر پارچىدىن كېسىپ پۇشۇرۇپ ئۇنىڭ شورپىسىدىن ئىچكەنلىك، ھەر بىر تۆگىنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشاش بولىدۇ". تۈگىدى. ["ئەلمەجمۇئ شەرھىل مۇھەززەب" ناملىق ئەسەر 8-توم 414-بەت].

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: سىز قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ گۆشىدىن سەدىقە قىلماي ھەممىسىنى يېگەن بولسىڭىز، ئازراق گۆش سېتىۋېلىپ ياكى شۇ پۇلنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىۋەتسىڭىز قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن سەدىقە قىلغاننىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

قۇربانلىق گۆشىدىن يېمەي ھەممىنى سەدىقە قىلىۋەتكىنىڭىز بولسا توغرا بولۇۋېتىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىشنى بارلىق ئالىملار دۇرۇس دەپ قارايدۇ.

ئەقىقە مەسىلىسىدە، سىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭىزدا سىز خاتا قىلغان بولمايسىز (بۇنىڭدا كەڭرىچىلىك بار).

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.